# ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەر ئىھرامدىن چىقىپتۇ، سىلى چىقماپلا، بۇ نېمە ئىش؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن چېچىمغا يېلىم سۈركەپ قاتۇردۇم ۋە قۇربانلىقىمغا بەلگە قىلدىم، ئۇنداق بولغانىكەن مەن قۇربانلىقنى بوغۇزلىمىغىچە ئېھرامدىن چىقمايمەن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى رەسۇلۇللاھ! سىلى ئۆمرىنىڭ ئېھرامىدىن چىقماپلا، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭدىن چىقىپتۇ، بۇ نېمە ئىش؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن چېچىمغا يېلىم سۈركەپ قاتۇردۇم ۋە قۇربانلىقىمغا بەلگە قىلدىم، ئۇنداق بولغانىكەن مەن قۇربانلىقنى بوغۇزلىمىغىچە ئېھرامدىن چىقمايمەن، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە ئۆمرىگە ۋە ھەجگە بىراقلا ئىھرام باغلىدى، چۈنكى بۇ قېتىمقى ئىھرامدا تۇرۇش ۋاقتى ئۇزۇنراق سوزۇلىدىغان بولغاچقا، چېچىغا يىلىمدەك بىر نەرسە سۈركەپ قاتۇردى. بەزى ساھابىلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش (نىيەتتە) ئىھرام باغلىدى ۋە بەزىلىرى ئۆمرىنىلا قىلىپ ئاندىن ھەجگىچە نورمال ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۆمرىگىلا ئىھرام باغلىدى. بەزىلىرى قۇربانلىقنى ھەيدەپ ماڭغان بولسىمۇ، كۆپىنچىلىرى ئۇنداق قىلمىدى. ئۇلار مەككىگە يېتىپ كېلىپ تاۋاپ قىلىپ، سافا - مەرۋىنى سەئيي قىلىپ بولغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغۇز ھەجنىلا قىلىدىغان ياكى ئۆمرە بىلەن ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قىلماقچى بولغان ئەمما قۇربانلىقنى ئېلىپ كەلمىگەنلەرنى ھەج ئىھرامىنى سىلىپ ئۆمرىگىلا ھېسابلاپ ئىھرامدىن چىقىشقا بۇيرىدى، ئەمما ئۆزى ۋە ساھابىلاردىن قۇربانلىقنى ئېلىپ كەلگەنلەر بولسا ئىھرامىنى بۇزماي داۋاملاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: سىلى ئۆمرىنىڭ ئىھرامىدىن چىقماپلا، ئەمما كىشىلەر ئىھرامدىن چىقىپتۇ، نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟ دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن چېچىمغا يېلىم سۈركەپ قاتۇردۇم ۋە قۇربانلىقىمغا بەلگە قىلدىم، ئۇنداق بولغانىكەن مەن ھەج تۈگەيدىغان ۋە قۇربانلىق قىلىدىغان كۈنى قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ ئۇنى جايىغا تەككۈزمىگۈچە ئېھرامدىن چىقىشىم چەكلىنىدۇ، دېدى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee